# 321546 - هاراق ئىچىلىدىغان رېستورانغا تاتلىق تۈرۈم قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىشنىڭ هۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

مەن باقالى ۋە تۈرلۈك تاتلىق تۈرۈم نەرسىلەرنى پىشۇرىمەن، كېيىنكى ۋاقىتتا بىر قانچە دۇكىنى بولغان بىر كىشى مەندىن ئۆزىنىڭ دۇكىنىنى باقالى ۋە تۈرلۈك تاتلىق تۈرۈم نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى، بۇنداق قىلىش ئىسلامدا توغرا بولامدۇ؟، مەن ئىككىلىنىپ قالدىم، چۈنكى بۇ شەكىلدە مال سېتىپ تاپقان پۇل هالال بولامدىغاندۇ؟، چۈنكى بۇ كىشى بەزى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن پۇلىدىن بېرىدۇ، مېنىڭ ئىككىلىنىپ قالغان يەنە بىر ئىشىم: بەزى كىشىلەر بۇ دۇكانغا بېرىپ باقاللارنى يەپ بۇنىڭدىن هوزۇر ئېلىش ئۈچۈن هاراقمۇ ئىچىدىكەن؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاهقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاهنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مەس قىلىدىغان ئىچىملىك ئىچىدىغان كىشىگە باقالە ياكى تاتلىق تۈرۈم ياكى يېمەكلىك سېتىپ بېرىش توغرا بولمايدۇ.

"كەشاپۇل قىنا " 3 -توم 182-بەتتە مۇنداق دېگەن: " مەس قىلىدىغان ئىچىملىك ئىچىدىغان كىشىگە يېمەك، ئىچمەك سېتىپ بېرىش توغرا بولمايدۇ، هاراق ئىچىدىغان كىشىگە ئىستاكان سېتىپ بېرىشمۇ توغرا بولمايدۇ، قىمار ئوينايدىغان كىشىگە تۇخۇم ۋە ياڭاق قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىپ بېرىشمۇ توغرا بولمايدۇ".

باقالە ۋە تاتلىق تۈرۈم نەرسىلەر ئادەتتە هاراق بىلەن ئىستىمال قىلىنىدىغان بولسا ئۇلارغا ۋە ئۇنداق نەرسە ساتىدىغان دۇكانغا سېتىپ بېرىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا گۇناھ-مەسىيەتكە ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ تەرجىمىسى: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناهقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاهنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، ئاللاهنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق» [سۈرە مائىدە 2 -ئايەت.]

ئەگەر باقالى ۋە باشقا تاتلىق تۈرۈملەر هاراق-شاراپلار بىلەن ئىستىمال قىلىنمايدىغان بولسا، پەقەت سۇ ۋە مېۋە سۈيىگە ئوخشاش قىزىققان كىشىلەرگە سېتىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ هاراق ئىچىش بىلەن ئالاقىسى بولمىسا ئۇ

ۋاقىتتا ئۇنى ساتسا بولىدۇ. ئەگەر شەكتە بولۇپ قالسا ساتماسلىق ياخشىدۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.